
ئەلی ئبنی ئەبی تالب
پەیغەمبەر
ئارسلانلری
غۇنچىلار
مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

## كىچىك ئارسلان

ئەلى ئىبنى تالىب رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ 10 يېشىدا ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان. ئىمان ئۇنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇ ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم، شۇ چاغدا يەريۈزىدە بىز ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچبىر مۇسۇلمان يوق ئىدى»



ئۇنىڭ دەۋەت يولىدىكى تەۋرەنمەس مەيدانى
ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن دەۋەتكە ئاتلانغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز بۇنى ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ بىرى بولغان ئەبۇزەر ئەلغىفارىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانىدىن تېخىمۇ روشەن بىلىۋالالايمىز.

ئەبۇزەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئايال-بالىلىرىنى قېرىندىشىغا قالدۇرۇپ، غىفار دىيارىدىن مەككىگە قاراپ يول ئاپتۇ. مەككىگە بارغاندىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ، ھېچكىمدىن رەسۇلۇللاھ بار جاينى سورىيالماپتۇ ۋە مەسجىدى ھەرەمدە قونۇپ قاپتۇ.





ئەلى ئبنى تالب ئۇنڭ يېنغا كەپتۇ ۋە ئۇنڭ مۇساپر ئكەنلكنى بلگەندن كېين، ئۇنى ئۆيگە تەكلپ قپتۇ. ئەبۇزەر ئۇنڭ ئۆيدە قونۇپ قاپتۇ. ئۈچ كۈندن كېين ئەبۇزەر جۈرئەت قلپ ئەلدن رەسۇلۇللاھ ھەققدە سوراپتۇ. ئەلى: «ئۇ مېنڭ تاغامنڭ ئوغلى بولدۇ» دەپ رەسۇلۇللاھنى تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى رەسۇلۇللاھنڭ يېنغا باشلاپ بېرپتۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىدىكى باتۇرلۇقى

ئەلى ناھايىتى باتۇر چوڭ بولغانىكەن. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلغان كۈنى تېخىمۇ نامايان بوپتۇ. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، قۇرەيشلەر بۇنى بىلىپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بۈگۈن كېچە ئۆزۈڭنىڭ جايىدا ئۇخلىمىغىن» دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سۈيقەستىنى بىلىپ، ئەلىگە: « مېنىڭ جايىمدا سەن ئۇخلىغىن، بۇ يېشىل تونۇمنى ئۈستۈڭگە يېپىنىۋالغىن، شۇندىلا ئۇلار ساڭا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دەپتۇ.



ئەلى شۇ كېچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرپىسىدە ئۇخلاپتۇ، رەسۇلۇللاھ بولسا مەككىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ سەھەردە مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا ياتقان ئەلىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئىچى ناھايىتى ئاچچىق بوپتۇ. ئەلى مەككىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھتىكى بارلىق ئامانەتلىرىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن مەدىنىگە قاراپ ھىجرەت سەپىرىگە يول ئاپتۇ.



## كىچىك مۇھاجىر

ئۇ كىچە - كۈندۈز پىيادە يول يۈرۈپ ئاخىرى مەدىنىگە يېتىپ كەپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال يېنىغا چاقىرتىپتۇ. باشقىلار رەسۇلۇللاھقا: «ئۇ ماڭالمايدىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى، پۇتلىرىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سىلاپ، ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇنىڭ پۇتى تېزلا سەللىمازا ساقىيىپتۇ ۋە تاكى شېھىد قىلىنغانغا قەدەر قەتئىي ئاغرىماپتۇ.



## پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەلبىدىكى مەرتىۋىسى

ئەلىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدىكى مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «سەن ماڭا نىسبەتەن ھارۇننىڭ مۇساغا يېقىن بولغىنىدەك يېقىن بولۇشقا رازى بولمامسەن؟» دېگەن ئىكەن. يەنە خەيبەر كۈنى رەسۇلۇللاھ: «ئەتە بايراقنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن، ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ ئۇرۇشتا بىزگە غەلبە ئاتا قىلىدۇ» دەپتۇ. ئاندىن ئەلىنى چاقىرتىپ، بايراقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە ئۇرۇشتا غەلبە ئاتا قىپتۇ.



ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ساھابىلىرىنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ قويغانىكەن. ئاخىرىدا يالغۇز ئەلى قاپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ئەلى: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سەن ساھابىلىرىڭنىڭ ھەممىنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ قويدۇڭ، پەقەت مەنلا يالغۇز قېپقالدىم» دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ: «سەن مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك قېرىندىشىم» دەپتۇ.



سۆيۈملۈك دوستلار!

ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۆچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىشتا قىلچىلىك ئىككىلەنمىگەن بىر مۇسۇلمان باشقىلار بىلەن ئاكا-ئۇكىلارچە ئۆتۈپ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن سۆيۈملۈك ساھابىلارغا قاراپ بىقىڭلار.

باتۇرلۇق ۋە دىنغا ئۆزىنى بېغىشلاش ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنساندىن كۈچلۈك ئىمان تەلەپ قىلىدۇ.

ئەلى گەرچە كىچىك بالا بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، رەسۇلۇللاھ ئۇنى «سەن مېنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك قېرىندىشىم» دېگەن.




پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغان كۈنى ئەلى ئىبنى ئەبى
تالىبنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇغان؟